# ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشىنىڭ

# ھۆكمى

[ئۇيغۇرچە]

﴿حكم الجهاد للمرأة﴾

[باللغة الأويغورية ]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1431 - 2010

islamhouse.com

# ئايالالارنىڭ ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشنىنىڭ ھۆكمى

45618- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئايالالارنىڭ ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشنىنىڭ ھۆكمى نېمە؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئىسلام دىنىمىزدا ئايالالارنىڭ جىھادقا ئىشتىراك قىلىشى پەرز قىلىنمىغاندۇر. ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "جىھادنىڭ پەرز بولىشى ئۈچۈن يەتتە تۈرلۈك شەرت ھازىر بولىشى كېرەك: مۇسۇلمان بولۇش، بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش، ھۆر بولۇش، ئەر بولۇش، سالامەتلىكى ياخشى بولۇش ۋە يېتەرلىك ئىقتىسادى بولۇش قاتارلىقلار. ئەمما مۇسۇلمان بولۇش، بالاغەتكە يەتكەن بولۇش ۋە ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش قاتارلىقلار باشقا ئىبادەتلەرنىڭ پەرز قىلىنىشى ئۈچۈنمۇ شەرت قىلىنىدۇ. جىھادتا كاپىرغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، مەجنۇن جىھاد قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، كىچىك بالىلارنىڭ تەن قۇرۇلمىسى جىھادقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «مەن ئوھۇد ئۇرۇشى بولىدىغان كۈنى ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم بۇ ۋاقىتتا

مەن 14 ياشتا ئىدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى». [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئەر بولۇش دېگەن شەرتنىڭ دەلىلى، ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «مەن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاياللارغىمۇ جىھاد قىلىش پەرزمۇ؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇلار ئۈچۈن ئۇرۇش بولمايدىغان جىھاد پەرز قىلىنىدى يەنى ئۇ ھەج بىلەن ئۆمرىدىن ئىبارەت دېدى». ئاياللارنىڭ تەبىئىتى ئاجىز بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشى بېكىتىلمىگەن. مۇغنى 9- توم 163-بەت.

ئاياللار ئۇرۇش قىلغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ۋە يارىدارلارنى داۋالاش ئۈچۈن بىرگە چىقسا بولامدۇ؟.

سەرخەسىي "شەرھى سىيرۇلكەبىير" ناملىق ئەسىرى 1- توم 184- بەت "ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلىشى ۋە ئۇرۇشقا چىقىشى" دېگەن ماۋزۇدا مۇنداق دەيدۇ: "ئۇرۇش ۋاقتىلىرىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇ ئايال جىھاد قىلغۇچىلاردىن ئەمەس» دېگەن.

ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشى مۇسۇلمانلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى، مۇشرىكلارنى خورسەن قىلىشى ياكى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا جۈرئەت قىلىشقا سەۋەپ بولىشى، مۇسۇلمانلارنى ئاجىز، ئۇلار بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئاياللارنىمۇ قاتناشتۇردى دېگەندەك مەسخىرىلىرىگە سەۋەپ بولىشى مۇمكىن، شۇ سەۋەبلەردىن ئاياللارنىڭ

بىۋاستە ئۇرۇشقا چىقىشى چەكلىنىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار ئايالىلارنى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقىشقا مەجبۇر قالغاندا ۋە مۇشرىكلارنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ چىقىش پەرز ھېسابلىنىدۇ. ھۇنەيىن ئۇرۇشى ۋەقەلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئاخىردا: مىلھاننىڭ قىزى ئۇممۇ سۇلەيىم مۇنداق دەيدۇ: "بۇ كۈنلەردە ئۇرۇش قاتتىق بولۇپ كەتتى، ئۇ جىھادقا تولۇق تەييارلىق قىلىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار ئۇرۇشنىڭ قىيىن ۋاقىتلىرىدا سىلىنى تاشلاپ قاچتى، ئاللاھ سىلىگە غەلبە ئاتا قىلسا ئۇلارنى كەچۈرمىسلە دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئى ئۇممۇ سۇلەيىم! ئاللاھنىڭ كەچۈرۈم قىلىشى ھەممىدىن كاتتىدۇر دېدى. مەن بۇ سۆزۈمنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدىم، ھەر قېتىمدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاللاھنىڭ كەچۈرۈم قىلىشى كاتتىدۇر دېدى».

ئەرلەر چېكىنىپ قېچىپ كەتسە ئايالىلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشى مۇھىم بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندا ئايالىلارمۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ ئۇرۇشقا قاتناشسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇشتىن چەكلىمىدى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جىھادلاردىمۇ ئايالىلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەنلىكى بايان قىلىنمىدى.

ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياشانغان ئايالىلارنىڭ ئۇرۇشقا بىرگە چىقىپ كېسەللەرنى داۋالىشى، سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشى ۋە يېمەكلىك تەييار قىلىپ بېرىشى توغرا بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى قۇرەتىل ئەزدىي رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ

ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئاياللىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا يەڭلىرىنى تۈرۈپ رىملىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتى، پېتىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياش ئاياللارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا چىقىشى چەكلىنەتتى. ئۇممۇ مەتائ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئاياللاردىن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئەسلەم قەبىلىسىدىكى كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، دۈچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلىرىدىن شىكايەت قىلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى جىھادقا ئىشتىراك قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇلار ئۇرۇشقا چىقتى، ئەسلەم قەبىلىسىدىكى كىشىلەر ھەممىدىن بۇرۇن قورغانلارغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن - ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن- بىز غەلبىنى قولغا كەلتۈردۇق.

بۇ ۋەقەلىكتىمۇ بەزى ياشانغان ئاياللار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا چىقتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇنىڭدىن چەكلىمىدى، شۇنىڭغا ئاساسەن ياشانغان ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىپ ئۆزىگە لايىق خىزمەتلەرنى قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

رەبىئە بىنتى مۇئەۋۋەزنىڭ ھەدىسىدىمۇ: «بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلاتتۇق، بىز ئەرلەرگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتۇق، ياردار ۋە ئۆلگەنلەرنى مەدىنىگە يۆتكەيتتۇق» دەيدۇ.[بۇخارى رىۋايىتى]. ئەرلەر ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئاياللار ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەمچى بولاتتى.

يۇقىرىدىكى ئىشلار جىھاد پەرز ئەيىن قىلىنمىغان ۋاقىتلاردا شۇنداق بولىدۇ. ئەمما كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا بېسىپ كىرىدىكەن، ئۇ

ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشقا قادىر بولالايدىغان، مۇجاھىدلارغا ياردەم بېرەلەيدىغان ھەرقانداق ئەر، ئايالغا جىھاد قىلىش پەرز بولىدۇ.

ئەسلىدە ئاياللارنىڭ جىھادقا ئىشتىراك قىلىشى تەۋسىيە قىلىنمايدۇ. ئەمما يۇرتىغا كاپىرلار باستۇرۇپ كىرگەندەك ئەھۋاللار ئاستىدا ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇرۇشقا ئاتلىنىشى ۋە قولىدىن كېلىشىچە يۇرتى ۋە مۇسۇلمانلارنى زۇلۇمدىن ساقلاپ قىلىشقا تىرىشىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر قۇدرىتى يەتمىسە ھېچگۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.» [سۈرە بەقەرە 286-ئايەتنىڭ بىر قىسمى]. ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھىبىدىكى پىقھىشۇناس ئالىملار يۇقىرىدىكى كۆزقاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھەممىدىن توغرىسىنى بىلگۈچى جانابى ئاللاھ.